


لوپ ناھىيەسى:

# كۆپ مەنبەلىك كەسىپلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش «كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى» بەرپا قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ

ئۆردەك باقامسىز ياكى مور تېرىمسىز؟ قارار قىلىدىغان ئاشۇ كەچتە، لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل بازىرى يېڭى لەڭگەر كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ئاتىكەم ئاسىم ئېرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە مەسلىھەتلەشتى، «ئىككىسىلا ياخشى كەسىپ، قايسىنى تاللاشنى ھەقىقەتەن بىلمەدۇق.» ئاخىرىدا، كەنت كادىرلىرىنىڭ ياردىمىدە، باقمىچىلىق تەجرىبىسى بار ئاتىكەم ئۆردەك بېقىشنى تاللىدى. «ھازىر ئۈچ تۈركۈم باقتىم، تەخمىنەن ھېسابلىغاندا 16 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن» دېدى ئاتىكەم خۇشال ھالدا.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن تۇراقلىق بولىدىغان كەسىپ بولۇشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى كۆپ مەنبەلىك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، قىيىنچىلىقى بارلارنى يېتەكلەش «كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى» بەرپا قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ كاللىسىنى ئويغاتتى، قەلبىنى ئىللىتتى، ھەرىكەتكە كەلتۈردى.

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسپى قانداق كىرگۈزۈلدى

«نېمە باقسا پۇل تاپقىلى بولىدۇ؟» 34 ياشلىق ئاتىكەم ئىلگىرى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا، ھۆكۈمەت بىر تۇياق نامراتلارنى يۆلەش كالىسى تارقىتىپ بەردى، ئۇ يەنە قەرز ئېلىپ ئىككى تۇياق كالا سېتىۋالدى. كالا بېقىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كالىنىڭ سەمرىمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاتىكەم توختىماستىن ھەلەپ بەردى، كالا بەك يوغىناپ كېتىپ، قوتاندا بۇرۇلالماي قالدى، بۇرۇلىمەن دەپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى، كۆز ئالدىدىكى سويۇپلا گۆشىنى ساتقىلى بولىدىغان كالىنىڭ شۇ سەۋەبلىك باھاسى چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كەنت كادىرلىرى نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى، كېيىن كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەربىر ئائىلىدە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرگىلى بولمىدى، بازارغا بۆسۈپ كىرىشتە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئاتىكەم قايتا كالا باقمايدىغان بولدى.

ئاتىكەم تۇرۇشلۇق يېڭى لەڭگەر كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، قاتناش قولايسىز، تۈۋرۈك كەسىپ كەمچىل ئىدى. لوپ ناھىيەسىدىكى نۇرغۇن نامرات كەنتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلە ساقلانغان بولۇپ، بۇ، بۇ ناھىيەگە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

ئاتىكەم بۇ بۇرۇلۇشقا گۇۋاھ بولدى. 2018 ـ يىلى، لوپ ناھىيەسى سىرتتىكى بىر يېمەكلىك كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان گۆش ئۆردەكتىن چۈجە چىقىرىش، بېقىش، سويۇش كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلدى ھەم «شىركەت+بازا+ھەمكارلىق كوپىراتىپى+نامرات ئائىلە»دىن ئىبارەت باقمىچىلىق ئەندىزىسى قوللاندى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئالتە يېزا ـ بازاردا 11 بازا، 250 نەسىللىك ئۆردەك باقمىچىلىق لاپىسى قۇرۇلۇپ، ھەربىر لاپاسنى 20 نامرات ئائىلە ئورتاق باشقۇردى، بىر يىلدا ئالتە تۈركۈم بېقىپ، 5000 نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا بىۋاستە تۈرتكە بولدى.

ھۆكۈمەت مەبلەغ سالدى، كارخانا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى، ئۈنۈم تەڭ ئايرىلدى، ئاتىكەمنىڭ باقمىچىلىققا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى قايتىدىن تۇرغۇزۇلدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاتىكەم باشقا نامرات ئائىلىلەر بىلەن شېرىكلىشىپ بىر نەسىللىك ئۆردەك باقمىچىلىق لاپىسىنى باشقۇردى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاڭ سەھەردىلا، ئاتىكەم ئازراق تاماق يەپلا، كەنتنىڭ شەرق بېشىدىكى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا قاراپ ماڭدى. ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ بالىسىنى چوڭلارنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆردەك باقتى. ھازىر ئۆردەك ئۈچ تۈركۈم بېقىلدى، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

بۇ ئىككى يىلدا، لوپ ناھىيەسى نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان بېيىتىش كەسىپلىرىنى تېز يېتىشتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى ھەم باشلامچى كارخانىلار تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنى تۈرلەرنى يولغا قويۇشتىكى ۋاستىگە ئايلاندۇردى، بۇ يىل كەسىپلەر بويىچە يۆلەش ئارقىلىق 87 مىڭ 700 كىشىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولۇش مۆلچەرلەنمەكتە.

گۆش ئۆردىكى باقمىچىلىقى، كەپتەر باقمىچىلىقى، يەنە سۈت كالىسى، تۇخۇم توخۇسى، توشقان باقمىچىلىقى قاتارلىقلار بار، بۈگۈنكى كۈندە لوپ ناھىيەسىنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن كەسىپلەر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى نامرات ئائىلىلەرنى تېخىمۇ كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى ۋە ئۈمىدكە ئىگە قىلدى.

## «كەڭ كۆلەمدە تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىش» قانداق ھەل قىلىندى

لوپ ناھىيەسىنىڭ بوستانلىق كۆلىمى پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 5.6%ىنى ئىگىلەيدۇ، 300 مىڭغا يېقىن نوپۇسنىڭ ئاران 340 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار. قۇرغاق، يامغۇر ئاز، قۇم ـ بوران مەزگىلى ئۇزاق، ئەڭ تەجرىبىلىك تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىمۇ «كەڭ كۆلەمدە تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىش» مۈشكۈل ئەھۋالدىن ساقلىنالمايدۇ.

لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى دۆڭ كۆزلۈك كەنتى ئىلگىرى يەر تېرىيتتى، ھازىر مور تېرىيدۇ، كەنتتىكى نامرات ئائىلە پاتەم روزىمەمەتمۇ مور تېرىيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاز جاپا تارتمىغان. 21 ياشلىق پاتەم ئائىلىنىڭ چوڭ قىزى، ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ يەر تېرىپ، ئىككى مو يەردىن چەكلىك ھوسۇل ئالاتتى. ئائىلىسىنىڭ يېرى ئوبوروت قىلىنغاندىن كېيىن، پاتەم «ئىشسىز» قالدى، باشقىلارغا ئەگىشىپ ھەممە يەرگە بېرىپ پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىپ پۇل تاپتى؛ قىلىدىغان پارچە ـ پۇرات ئىش بولمىغاندا پاتەم جىددىيلىشىپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى...

دەل شۇ چاغدا، كەنتتىكى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرلىرى ئىشىك ئالدىغا كەلدى: «كەنت بېشىدا مور تېرىش پارنىكى بار، نامرات ئائىلىلەر ھەقسىز ھۆددىگە ئالسا بولىدۇ، بۇنىڭدا يەر تېرىغاندىكىدىن كۆپ كىرىم قىلغىلى بولىدۇ».

پاتەم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تۆت پارنىكقا ئىمزا قويدى، شىركەت تېرىشقا، يىغىشقا مەسئۇل بولدى، پارنىكتىكى ئىشلار كۈندىلىك پەرۋىش ۋە مور يىغىش بولۇپ، پارنىكنى باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈردىلا بىر يىلدا 24 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، ئۇ تولىمۇ خۇشال بولدى.

دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ھېسسىياتى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ئايان، يەردىن تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار بارلىق ئاماللارنى ئويلىدى. «50 مو يەرگە زىشۇ تېرىپ، بىر مو يەردىن ئىككى توننا ھوسۇل ئېلىپ، 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم.» سامپۇل بازىرى بوستانكۆل كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئابلىز ئەخمەتنىڭ سۆزىدىن مەمنۇنلۇقى چىقىپ تۇراتتى. بۇلتۇر كەنتتە زىشۇ تېرىشنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق خەۋىرى ئابلىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى، كادىرلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سەپەرۋەر قىلىشىنى ساقلىماي، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈچ نامرات ئائىلىنى تېپىپ ئالتە كىچىك ئەگمە پارنىك ياساپ زىشۇ تېرىدى.

ھازىر بوستانكۆل كەنتىدىكى 22 پارنىكتىكى زىشۇ مايسىسى تۆت يېزا ـ بازاردىكى ئالتە كەنتكە كېڭەيتىلدى، 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا بىرىنچى تۈركۈمدە چوڭ ئېتىز، ئورمان ئاستى ھەم ھويلا ـ ئارانلاردا 800 مو يەرگە كۆچۈرۈپ تىكىش تاماملىنىپ، ئىككىنچى تۈركۈمدە يەنە 4000 مو ئەتراپىدىكى چوڭ ئېتىزدا زىشۇ تېرىشنى كېڭەيتىش پىلانلاندى.

ئەسلىدىكى يەردە تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى، لوپ ناھىيەسى پارنىك، لاپاس كۆكتاتلىرى، مېۋە ـ چېۋە يېڭى سورتلىرىنى كىرگۈزۈش ھەم كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇردى ھەم ياڭاق، چىلان قاتارلىقلارنى تېرىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، قارامور، كاۋاۋچىننى ئاساس قىلغان خاس كەسىپلەرنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇردى.

## كەسىپ بازىسى قانداق بەرپا قىلىندى

نامراتلارنى يۆلەش كەسىپىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشتە كەسىپ تەرەققىيات شەكلىدىمۇ بىر مەيدان ئىنقىلاب قىلىش كېرەك. لوپ ناھىيەسى بېيجىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كەسىپلەر باغچە رايونىدىكى چاچ مەھسۇلاتلىرى كەسىپلەر باغچىسىدا يېڭى بىر كەسىپ قىممەت ياراتماقتا.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، چاچ مەھسۇلاتلىرى كەسىپلەر باغچىسىدىكى خوتەن سېنتى چاچ بېزەكچى ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ماسكا تاقىۋالغان نەچچە ئون ئىشچى باش چۆكۈرۈپ يالغان چاچ ياپراقچىلىرىنى رەتلەۋاتاتتى. مۇخبىر ئابلەت تۇرسۇننى كۆرگەندە، ئۇ خىزمەت كىيىمى كىيگەن بولۇپ، ئىككى قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى ۋە باش بارمىقىنى پىلاستىر بىلەن ئوراپ، يالغان چاچلارنى بىر ـ بىرلەپ رەتلەۋاتاتتى. «بۇنداق بولغاندا قولايلىق بولىدۇ، قول ئۇپرىمايدۇ» دېدى ئابلەت.

ئابلەت لوپ ناھىيەسىنىڭ بۇيا يېزىسى قۇم ئازما كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن بىر نامرات ئاھالە، بۇلتۇر 4 ـ ئايدا، ئۇ يالغان چاچ زاۋۇتىغا كىرىپ ئىشلەپ، شاگىرتلىقتىن قەدەممۇ قەدەم ئىشلەپچىقىرىش ماھىرىغا ئايلاندى. «زاۋۇتقا كەلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ماڭا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى، ھەر ئايلىق كىرىمىممۇ ناھايىتى ياخشى، نامراتلىق مەندىن بارغانسېرى يىراقلاشتى» دېدى ئۇ.

ئابلەت ئىشلەۋاتقان زاۋۇتنىڭ ئەتراپىدىكى يەنە 25 كارخانىنىڭ ھەممىسى چاچ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەر بولۇپ، ئۇلار تۇتام يالغان چاچ، پارچە يالغان چاچ، كېيمە چاچ قاتارلىق يالغان چاچ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھازىر 6700 كىشىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىدىن 1400 كىشى بار بولۇپ، خادىملارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

«بۇ يەردە مەملىكەت بويىچە 5 ـ چوڭ چاچ مەھسۇلاتلىرى كەسىپ بازىسى بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، چاچ مەھسۇلاتلىرى كەسىپكارلىرى 8000 كىشىدىن ئاشىدىكەن.» خوتەن ۋىلايەتلىك چاچ مەھسۇلاتلىرى كەسىپى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ياڭ گۇاڭخۇي مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، كەسىپلەر باغچىسى كارخانىلارنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ‹كارخانا+دېھقان ئائىلىسى› ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ».

بۇ يىل، لوپ ناھىيەسى «باغچە رايوندىكى كارخانا+» قۇرۇلۇش ئەندىزىسىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يالغان چاچ، كىيىم ـ كېچەك، چامادان ـ سومكا قاتارلىق ئەمگەك كۈچلۈك كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنت ئىككى دەرىجىدە يېزا ـ بازار نامراتلارنى يۆلەش كەسپىدىن توققۇزنى، كەنت دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىدىن 80نى قۇرۇپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى دېھقان ئائىلىلىرىگىچە ئۇزارتىدىكەن.

يېڭى تەپەككۇر، يېڭى ئەندىزە، كەسىپ زەنجىرى، بۇ ئاچقۇچلۇق سۆزلەر لوپ ناھىيەسىدىكى ئەمگەك كۈچلۈك كەسىپلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىمەكتە.

# قۇربان تاغىنىڭ يۇرتى ئالقىشقا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بوران ـ چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ كېسەك ئۆي بوۋاينىڭ ئەينى چاغدىكى تۇرمۇشىنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاشخانا، ياتاق ئۆي، قازناق قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى، بۇ ئۆيلەرگە ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن كىرسىن چىراغ، ياغاچ تاۋاق، تەڭنە قاتارلىقلار تىزىلغانىدى. بۈگۈنگە قەدەر، قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمەت تولۇقلىما بېرىپ سالغان ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، شۇنداقلا «كالىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش» «ئېشەك ھارۋىسىدا سەپەر قىلىش»تەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل خوشلاشتى.

كېرىيە ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، خاتىرە سارىيى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلغىلى كەلگەن ناھايىتى كۆپ ساياھەتچى قۇربان تاغىنىڭ يۇرتىنى «جەزمەن بارىدىغان» جاي قىلىپ ئالدىن تاللايدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، توغراغاز كەنتىمۇ ئۆزگىرىپ بارغانسېرى ئالقىشقا ئېرىشتى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋاڭ بو مۇنداق دېدى: كەنتتە خاتىرە سارىيىنىڭ ئەتراپىغا مەدەنىيەت چوڭ ھويلىسى، مەيدان ھەيكەللىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىسى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، قىزىل ساياھەتنى تېخىمۇ ياخشى ئېچىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. ئىلگىرى ھەمىشە قۇم ـ بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان كەنت بۈگۈنكى كۈندە يېڭى تۈس ئالدى، تۈپتۈز كەنت يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى رەتلىك، پاكىز بولۇپ، قىزىل ياغاچتىن ياسالغان ئۈزۈم بارىڭى تۇتاشتۇرۇلۇپ ئۇزۇن كارىدور ھاسىل قىلغانىدى، ئېلېكتىرونلۇق سودا تالالا بازىرى، ساياھەت دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىقلار بۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

بۇلتۇر، توغراغاز كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. كەنتتە 1000 مودىن كۆپرەك يەردە ئۈزۈم، سەبدەرگۈل تېرىقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇپ، 250 نەچچە ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق، يەنە 300 نەچچە ئائىلە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

بۇ يىل، توغراغاز كەنتى يەنە قىزىل ساياھەت كىچىك بازىرى بەرپا قىلىپ، ئۆزگىچە ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىش يولىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى پىلانلىدى. ۋاڭ بو مۇنداق دېدى: پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادى بارغانسېرى چىڭىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# قاغىلىقنىڭ چېگرا كەنتلىرى چوڭ تور توكى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ قۇرۇلۇشتا دېڭىز يۈزىدىن 3000 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاقاز داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، قۇرۇلۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور بولدى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق كەنتتىكى 423 ئائىلىدىكى 1897 دېھقان ـ چارۋىچىغا نەپ يەتكۈزدى.

توك يەتكۈزۈش مۇراسىمى نەق مەيدانىدا، سىم ـ سىم يامغۇر دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى توسۇپ قالالمىدى، چارۋىچى ئاققىز پەيزىئەمەت ھاياجانلانغان ھالدا مۇزىكىغا ئەگىشىپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. «بۈگۈن چۈشتە ئۆيۈمگە كېلىڭ، مەن توك قازىنىدا سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىمەن» دېدى ئاققىز خۇشال ھالدا مۇخبىرغا.

بىر يىل ئىلگىرى، ئاققىز توك قازىنى سېتىۋېلىپ ناشتىلىق تەييارلىماقچى بولغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن نۇر ئېنېرگىيە توكىنىڭ بېسىمى تۆۋەن بولغاچقا، توك قازىنىنى ئىشلەتكىلى بولمىدى، ئاققىز ئامالسىز قايتىدىن كۆمۈر قالاپ ئوچاقتا تاماق ئەتتى.

«ھاۋا ياخشى چاغدا، نۇر ئېنېرگىيە توكى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈش، يورۇتۇشتا مەسىلە يوق، ئەمما قىش كېلىشى بىلەنلا ياكى تۇتۇق يامغۇرلۇق ھاۋا رايىدا ئاسانلا توك يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چوڭ تور توكى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، مەن سېتىۋالغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى نورمال ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولدى» دېدى ئاققىز.

بۇ قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە كەسىپ تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«چوڭ تور توكى يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر كارخانا مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، كەنتتە سويۇش، ئىنچىكە پىششىقلاش بىر گەۋدىلەشكەن گۆش پىششىقلاش كارخانىسى قۇرماقچى بولدى، بۇ يېزىمىزنىڭ باقمىچىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى شىخشۇ يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى يۈن.

«نۆۋەتتە، بىز ئون نۇر ئېنېرگىيە مەمۇرىي كەنتكە توك يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدۇق، بۇ، كەنتلەرنىڭ ئېلېكتىر تورى يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىشنى ئومۇميۈزلۈك قاندۇرىدۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن باش دىرېكتور شۇ جيەنجۈك.

# ئېشەكنىڭ «مەيداندىن چېكىنىش»ىدىن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىغىر يوللارنى كەڭرى ئاسفالت يوللارغا ئايلاندۇردى. مەيلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بولسۇن، ياكى يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەسىپ ئىشچىلىرىغا ئايلىنىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يانچۇقى تومپايغان ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان زامانىۋىلاشقان قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاستا ماڭىدىغان ئېشەك ھارۋىسى ئەسلىمە ياكى ساياھەت ـ مەدەنىيەت بەلگىسى بولۇپ قالدى، ئورنىنى ئالغىنى توك بىلەن ئۇچقاندەك تېز ماڭىدىغان زامانىۋىلاشقان قاتناش قوراللىرى ئولتۇرۇپ خىزمەتكە بېرىش بولدى، سىرتتىكى تېخىمۇ كەڭ دۇنياغا بېرىپ تىرىشىش بولدى، زامانىۋىلىشىشنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىغا ئېلىپ كەلگىنى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، نەزەر دائىرىسىنىڭ ئېچىلىشى ۋە دەۋر ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى بولدى، بۇ خىل ئىدىيەۋى قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاتتى.

دېمەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كوچا ـ كويلاردا قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىزگە شۇ جايدىكى ئامما تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ يېزا ـ كەنت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشتەك كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھى، تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يارىتىشتەك ئىشەنچى، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا تىرىشىپ يۈگۈرۈشتەك سۈرئەت تېزلىتىشىنى كۆرسەتتى.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)